يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يېپىق ھالقىلىق يۈرۈشۈشنى كۈچەيتىپ، مۇھىت تازىلىقى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق بولمىغان رايونلاردا رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتىنىڭ راۋان ئىچكى ئايلىنىشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاممىغا چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. باشتىن - ئاخىر ئاممىنىڭ ئامانلىقى، ھال - ئەھۋالىنى قەلبكە پۈكۈپ، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، خەلق رايىنى ئىگىلەپ، كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئارزۇ - تەلىپى بويىچە خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئامما ئالدىراۋاتقان، ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئويلاۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشلارنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، كوندىلىك مۇھىت تازىلىقى، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تەرتىپكە سېلىپ، تۈزەپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش؛ پورت، ئەشيا ئوبوروتى، سوغۇق زەنجىر قاتارلىق ھالقىلاردىكى تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كىرىش خاراكتېرلىك خەۋپ - خەتەرنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش؛ كۈز، قىش پەسلىدىكى ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەييارلىقىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەسلەپكى لايىھە مەشقى، ماددىي ئەشيا زاپىسى، كەسپىي تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرتەرەپ قىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام، تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى دەل جايىدا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدەپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى پۇختا قەدەمدە، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىساد، جەمئىيەت ئايلىنىش تەرتىپىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى، توشۇشنى راۋانلاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىل كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ماس ھالدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا كېڭىيىشى، يامراشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان نامرات ئاممىغا قاراتملىق ھالدا ياردەم بېرىش - يۆلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاش كېرەك. تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئېتىز پەرۋىشى، كۈزگى بۇغداي تېرىش تەييارلىقى، يېزا ئىگىلىكىدە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنىڭ زىيىننى ئازايتىش ۋە چارۋىچىلىقتا كۈزلۈك كۆپەيتىش، كۈزلۈك بېقىش، كۈزلۈك غەملەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بەشىنچىدىن، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، دەل جايىدا ئىنچىكە ئىشلەپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ ئىستىلنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پاراستى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش ئىقتىدارى بىلەن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشىگە، كونكرېت ئەمەلىيلىشىشگە تۈرتكە بولۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈش داۋامىدا مەسىلىلەرنى بايقاپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى؛ خىزمەت ئىستىلىنى سىجىل ياخشىلاپ، داغدۇغىسى بار ئۈنۈمى يوق ئىش قىلىشتىن، ئىشنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتىن قەتئىي ساقلىنىپ، كەشتە تىكىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئىلمىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، چوڭ جەڭدە ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشى، چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسقا كاپالەتلىك قىلىش، تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىش، جىددىي ئەھۋالدىكىلەرنى، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش ئومۇمىي تەپەككۇر يولى بويىچە، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاش، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، قانۇن - نىزام، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈلمە - مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

ئومۇمىي نىشان بولسا، ئىككى يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، قاتلامغا ئايرىلغان، تۈرگە ئايرىلغان، شەھەر - يېزىلار بىرتۇتاش پىلانلانغان جۇڭگوچە جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش. جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قانۇن - تۈزۈمى تاكامۇللاشقان، مۇكەممەللەشكەن، تۈزۈلمە - مېخانىزمى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، راۋان، مۇلازىمەت، باشقۇرۇشتا خەلققە قولايلىق يارىتىلغان، خەلققە نەپ يەتكۈزۈلگەن، تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇلغان، شەھەر - يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ھەممىسى ۋاقتىدا قۇتقۇزۇش - ياردەمگە ئېرىشەلەيدىغان بولۇش. 2035 - يىلغا بارغاندا، جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىشلىرى يۇقىرى سەۋىيەتە تەرەققىي قىلىش، ئىسلاھات - تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئادىل مەنپەئەتلىنىش، خەلق تۇرمۇشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش بىخەتەرلىك تورى زىچ، پۇختا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

«پىكىر»دە قاتلامغا ئايرىلغان، تۈرگە ئايرىلغان جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، تاكامۇللاشتۇرۇش، ئاساسىي تۇرمۇش قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى پۇختىلاش، مەخسۇس تۈر بويىچە جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى تاكامۇللاشتۇرۇش، جىددىي ئەھۋالدىكىلەرنى، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى جەمئىيەت قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ قاتنىششىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى ئارقىلىق تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەم بىر قاتار يېڭى خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى، بىز كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى) ئىقتىساد ئىلمى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى ۋاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش كېرەك، بۇ، «14 - بەش يىل» ۋە كەلگۈسى بىر مەزگىلدىكى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېن، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان يېڭى يۆنىلىش. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىرىسنى كۈتۈۋېلىپ، دۆلەتنىڭ كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى ۋە شىنجاڭنىڭ رايون تەرەققىيات تەلىپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقلارنى مۇستەھكەملەپ، تىرىشىپ ئېھتىياج تەمىناتنى يېتەكلەيدىغان، تەمىنات ئېھتىياجنى يارىتىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى ھەرىكەتچان تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

«پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يېتىلدۈرۈشتە شىنجاڭ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ.» شىنجاڭ داشۆ ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى چېن بىڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ خاس كەسىپ ئەۋزەللىكى كۆرۈنەرلىك، ئىلغار تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، پەن - تېخنىكا، كەسىپ، پۇل مۇئامىلە زىچ يۇغۇرۇلغان خاس مەھسۇلات تەمىنلەش زەنجىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشكە بولىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى روشەن، تاشقى سودا ئاساسى ياخشى، رەقەملىك ئىقتىساد يېڭى ئەۋزەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، تور مۇلازىمىتى قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ يېڭى يوللىرىنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسى پۇل مۇئامىلە شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى گاۋ لى مۇنداق دېدى: «باش شۇجى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بىز تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز؛ ‹قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش› ئىسلاھاتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىشىمىز كېرەك».

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى شى لەن مۇنداق قارىدى: يېڭى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىش ئالدىدا، شىنجاڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە رىقابەتتە يېڭى ئەۋزەللىك بەرپا قىلىشى ئۈچۈن شىنجاڭ تۆھپىسىنى قوشۇشى كېرەك.

«ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى دەۋر جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشىشىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشنىڭ رېئال ئېھتىياجى.» شىنجاڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساۋ زىگاڭ مۇنداق قارىدى: جەزمەن بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتىن ئىبارەت جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدىغان، ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە ئادەم بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى ياخشى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى تېخىمۇ ياخشى قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق قاتناش تۈرلىرىدە جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنماقتا

(بېشى 1 - بەتتە)

تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى بولغان چاقىلىق - نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول تۈرىنىڭ بىر قىسىم يول بۆلەكلىرىگە نۆۋەتتە يول يۈزى سۇ تۈزىلاشتۇرۇش قەۋىتى يېيىلماقتا. «بىر قىسىم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىمىزنى ئۈرۈمچىدىن سېتىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز پائال ئامال تېپىپ، سېتىۋېلىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كۆپ ئورۇنلار بىلەن ماسلىشىپ توشۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تۈرلەردە ئوڭۇشلۇق قۇرۇلۇش قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدۇق» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول 1 - ئىدارىسى چاقىلىق - نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول 5 - توختام بۆلىكى تۈر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە دائىمىي مۇئاۋىن دىرېكتور داڭ جياڭتاۋ. چاقىلىق - نىيە يۇقىرى سۈرئەتلىك يول چاقىلىق ناھىيەسىدىن باشلىنىپ، چەرچەن ناھىيەسى، بىڭتۇەن 2 - شىسىنىڭ 37 - تۇەنى، 38 - تۇەندىن ئۆتۈپ، نىيە ناھىيەسىدە ئاخىرلىشىدۇ، لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 530.2 كىلومېتىر بولۇپ، قوش يۆنىلىشلىك تۆت ئاپتوموبىل يولىلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ.

ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 825.476 كىلومېتىر كېلىدىغان خوتەن - چاقىلىق تۆمۈر يولىغا نۆۋەتتە 144 كىلومېتىر رېلىس ياتقۇزۇلۇپ بولۇندى. جۇڭگو تۆمۈر يولى 14 - ئىدارىسى خوتەن - چاقىلىق تۆمۈر يولى PJS2 بۆلىكى خوتەن - چاقىلىق تۆمۈر يولىنىڭ 535 كىلومېتىر بۆلىكىگە رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل. «بىز توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ماتېرىيال مەنبەسىنى ئېچىپ، تۇرمۇش كاپالىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.» بۇ بۆلەكنىڭ تۈر بۆلۈم مەسئۇلى جاڭ گاڭ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى مەزگىلدە، بىز جىددىي قۇرۇلۇش قىلىپ، كېچىكىپ كەتكەن قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تاماملايمىز».

شىنجاڭ ئايرودرومى گۇرۇھى بۇ يىل ئون ئايرودروم قۇرۇلۇش تۈرىنى يولغا قويىدى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرى ئالتە بولۇپ، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى؛ كېرىيە، موڭغۇلكۈرە، تاشقورغان ئايرودرومىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يېڭىدىن ئىش باشلاش تۈرى تۆت بولۇپ، تۇرپان ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى، گۇچۇڭ، باينبۇلاق، باركۆل ئايرودرومىنى يېڭىدىن قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇخبىرلارنىڭ شىنجاڭ ئايرودرومى گۇرۇھىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە ھەرقايسى ئايرودروملارنىڭ تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەممىسى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ.